# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(18)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

**18**



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز
ھۆرىيەت نىياز
مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات
قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېيېۋ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (18)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى يەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالوڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30
نەشرى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6
ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

# كىرىش سۆز

سەلەي چاقىقان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكلو-
رىنىڭ لەتىپە - چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بولۇپلا
قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى، ئەل-
نەغمىچىدۇر.

سەلەي چاقىقان 1790 - يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسى-
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 -
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاقىقان كىچىك ۋاقىتلى-
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز - خاراكتې-
رىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارنى
كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىلەرنى
سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولغان. نەزەر دائى-
رىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەركىن-
لىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلى-
رى سەلەي چاقىقانىنىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېتىلىشىگە
ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۆلۈپ، زېمىنىغا
يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتنىڭ قولچو-
ماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قوشاقچى،
ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي
چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە
چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي
چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىـ
سىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ،
ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېـ
ئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكلىدە بايان قىـ
لىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇـ
شىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا
بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىـ
نى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۈگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان
قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز
قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەلـ
لىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىـ
كى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا يانداش يۇـ
مۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل — لەتىپىنىڭ جېنى، قانتى.
سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزگىچە خاس تىلى بار بولۇپ،
ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل
بولۇشتەك ئۆزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب

كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلى-
مىدىن باشقا يەنە خان - پادىشاھ، ۋەزىر - ئۆلىما، ھاكىم، بەگ،
باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى - پاشىشاپ، گەيجاڭ، يا-
ساۋۇل - چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ
رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئا-
دەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى
يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ
رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال - تەم-
سىللەر، ئىدىيوملار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى —
ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس - تۇيغۇ-
سىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قاتارىدىكى نوپۇز-
لۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي
چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھ-
دىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر - جاي نام-
لىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەن-
لىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا،
ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك
تۇيغۇغا باي بولغانلىقى — ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلى-
شىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان
لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا
يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەي-

دۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۇرلۇك دەۋر يېڭىلىقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىخىي، ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۇرلۇك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۇرگەن لەتىپىلەر كۆڭلىمىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان هالدا توقۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ هۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەهمەد ياراتقان پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلەي چاققانشۇناسلىق ساهەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار، رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز هەم بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاهىدە رەهمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟ .................... 2
بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالىدىكەنلا .................... 4
گىلەمگە ياماقلىق .................... 6
نۆۋىتىم ساتىراشخانىدا... .................... 8
ساقىلىڭنى بۇنىڭدا ئال .................... 10
قايسىسى جىق؟ .................... 12
هور بىلەن ئۇچىدۇ .................... 14
تامنىڭمۇ قۇلىقى بار .................... 16
كەچۈرسىلە .................... 18
بىر ئاي ۋە يېرىم كۈن .................... 20
بىر تال سامان .................... 22
مانا، مانا، بۇ چوقۇم بۇگۈنكىسى .................... 24
ئۆزلىرىگىمۇ باب كېلىدۇ .................... 26
ئۇركۈپ كەتمىسۇن دەپ... .................... 28
ياقا يۇرتلۇقلار ئاز .................... 30
قايتۇرۇپ بېرىشكە هۆددە قىلىمەن .................... 32
ئىككى كېسەلنى قاچۇرۇۋەتتى .................... 34
قايسىسى كەپتۇ؟ .................... 36
ئەنگە ئالاتتىم .................... 38
سىلى ئۇ چاغدا هاسا تاياق بىلەن ماڭاتتىلا .................... 40

## بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟

ئوپالدىكى ئازنا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ناھايىتى ئۇزاق ۋەز ئېيتىپتۇ. ئورما ۋاقتى بولغانلىقتىن، جامائەت ئالدىراپ تۇرغانىكەن، تۇيۇقسىز ئىمامنىڭ ئالدىغا بىر باغاقچە چىقىپ قاپتۇ. ئىمام ئادىتى بويىچە باغاقچىنى قولىغا ئېلىپ جامائەتكە قاراپ:

— مەن ھازىرلا تاپشۇرۇۋالغان بىر خەۋەرنى ئوقۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ ـ دە، كۆزئەينىكىنى تاقاپ، خەتنى ئۆز ئەينى ئوقۇشقا باشلاپتۇ:

— تەقسىر، چىشلىرىغا بىر تال پالەك يوپۇرمىقى چاپلىشىپ قاپتۇ.

— ھە، نېمە چاپلىشىپ قاپتۇ؟ — دەپ قىزىرىپ كېتىپتۇ ئىمام، — بۇ كىمنىڭ قىلغان ئىشى؟





## بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالىدىكەنلا

سەلەي چاققان پال ئېچىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر يالقاۋ كىشى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ پال ئاچقۇزۇپتۇ.

— سەلەي چاققان، سىلى ھەممىنى ئالدىن بىلىدىغان ئادەم، مەن قاچان ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولىدىكەنمەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاز قالدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— زادى قاچان؟ — دەپتۇ ھېلىقى يالقاۋ ئالدىراپ.

— سىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم ئۆمۈرلىرىدە پېشانىلىرىگە ئايال زاتى پۈتۈلمىگەنىكەن — دەپتۇ.

يالقاۋ بۇ گەپتىن چۆچۈپ كېتىپ، كۆزلىرىنى پارقىراتقان ھالدا:

— كېيىنكى يېرىم ئۆمرۈمدىچۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— دېمىسەم بولمىدى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — كېيىنكى ئۆمۈرلىرىدە بۇ ئىشلارغا كۆنۈپ قالىدىكەنلا.





# گىلەمگە ياماقلىق

ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان بىر گەپدان سەلەي چاققاننى گەپتە چۈشۈرۈش ئۈچۈن كېلىپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپتۇ. ئۆيدىن ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا چىقىپ ئىشىكنى ئېچىپتۇ.

— دادىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— يوق، — دەپتۇ بالا، — نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟

— قىرىق ھارۋىغا بېسىپ كەلگەن بىر پارچە گىلەم بار ئىدى، دادىڭىزنى سۇ قىلىپ بېرەرمىكىن، دەپ كەلگەنىدىم.

— خويمۇ ياخشى گەپ بولدى، — دەپتۇ بالا ئۇنىڭ پوچىلىقىنى ھېس قىلىپ، — گىلىمىمىزنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئوت چاچراپ كېتىپ كۆيۈپ قالغانىدى، دادام ياماقلىق ئۈچۈن سىلىنىڭكىدەك چوڭراق بىر گىلەم ئىزدەپ بازارغا كەتكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان گەپدان سەلەي چاققاننىڭ كىچىككىنە بالىسى شۇنچە چېچەن، سۆزمەن تۇرسا، ئۆزىگە گەپ توغرا كەلمىگۈدەك، دەپ كېتىپ قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

# نۆۋىتىم ساتىراشخانىدا...

سەلەي چاققان ساقال-بۇرۇتىنى ئالدۇرغىلى ساتىراشخانىغا كىرىپتۇ. خېلى ساقلىغان بولسىمۇ، بۇرۇن كىرگەنلەر قېلىپ، سەلەي چاققاندىن كېيىن كىرگەنلەر ساقىلىنى ئالدۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— ۋاي ئۇستام، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — سوراپتۇ سەلەي چاققان جىلە بولۇپ، — بىز قاچانغىچە ساقلايمىز؟

— هازىر كىرىپ چاچ-ساقىلىنى ئالدۇرغانلار دۇكانغا ھەرقايسىلىرىدىن بۇرۇن كىرىپ، سودا-سېتىق ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتكەنلەر. ئۇلار ئۆز نۆۋىتى بويىچە ساقال ئالدۇردى، — دەپتۇ ئۇستام چۈشەندۈرۈپ.

— ئىش مۇنداقكەن-دە، — دەپتۇ سەلەي چاققان تالاغا مېڭىۋېتىپ، — مەنمۇ چىقىپ ئىش-پىشلىرىمنى تۈگىتىپ كىرەي. ئۆزۈم چىقىپ كەتكەن بىلەن نۆۋىتىم ساتىراشخانىدا تۇرۇپ تۇرسۇن.





# ساقىلىڭنى بۇنىڭدا ئال

سەلەي چاققاننىڭ كىچىك چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى سەلەي چاققاننىڭ دادىسى ساقال ئېلىۋاتقاندا قولىدىكى ئۇستىرا سۇنۇپ كېتىپتۇ. سەلەي چاققان بۇنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— كۆردۈڭمۇ بالام، بۇ ئۇستىرا بەك بوش ئىكەن، ئالغىنىمغا بىر ئاي بولا-بولمايلا بىسى سۇنۇپ كەتتى، ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ، — دەپتۇ دادىسى.

ئەھۋالنى كۆرگەن سەلەي چاققان ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، بىر قەلەمتىراشنى كۆتۈرۈپ چىقىپ دادىسىغا تەڭلەپتۇ.

— ۋاي بالام، بۇ قەلەمتىراشنى نېمە قىلىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ دادىسى ھەيران بولۇپ.

— دادا، ئالە، ساقىلىڭنى بۇنىڭدا ئال، بۇ بەك پۇختا، بەك چىڭ، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# قايسىسى جىق؟

سەلەي چاققان كىچىكىدىن باشلاپلا، راۋاب چېلىشقا بەك قىزىقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ دادىسى:

— بالام، تېز بېرىپ راۋاب چېلىشنى مەشىق قىل، مەن تۈنۈگۈن ساڭا ۋەدە قىلغانغۇ؟ سەن ياخشى مەشىق قىلىپ، ئوبدان چېلىشنى ئۆگىنىۋالساڭ، مەن ھەر كۈنى ساڭا بىر تەڭگە بېرىمەن، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان چاقچاق قىلىپ:

— ياق بولمايدۇ، دادا، قوشنىمىز ماڭا «سەن راۋاب چېلىشنى خېلى ياخشى ئۆگىنىپ قاپسەن. ئەگەر راۋابنى ئۆيدە چالمىساڭلا، ھەر كۈنى ساڭا ئىككى تەڭگە بېرىمەن» دېگەنىدى، ئېيتىپ بېقىڭا، قايسىسى جىق؟ — دەپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# ھور بىلەن ئۇچىدۇ

بىركۈنى ئاسماندا گۇرۇلدەپ ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلاننى كۆرگەن سەلەي چاققاننىڭ ئوغلى:

— دادا، ئايروپىلان بەك قالتىسكەن، ئايروپىلان نېمە بىلەن ئۇچىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھور بىلەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئانام نەچچە قېتىملاپ ھورنان ئەتتى، ئۇنداقتا نېمىشقا بىزنىڭ ئۆيدىكى قاسقان ئۇچمايدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى ھەيران بولۇپ.

— ھوردا قاسقاننىڭ ياغىچى ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇچمايدۇ، — دەپتۇ سەلەي چاققان ئۇنى گەپكە سېلىپ.





# تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار

سەلەي چاقچان بىر قېتىملىق غىزادىن كېيىن ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— دادا، «تامىنىڭمۇ قۇلىقى بار» دېگەن زادى قانداق گەپ؟ — دەپ سوراپتۇ ئوغلى.

— تامنىڭ ئارقىسىدا ئوغرىلىقچە ئاڭلايدىغان ئادەم بار دېگەنلىك.

— ئوغرىلىقچە ئاڭلىغان ئادەم ئەسكى ئادەممۇ؟

— ئەلۋەتتە ئەسكى ئادەم.

— ئانام دائىم سىز بىلەن مومامنىڭ قىلىشقان گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلايدۇ، ئۇنداقتا ئاناممۇ ئەسكى ئادەممۇ؟

— بۇ ئۇنىڭ سىرتىدا، — دەپتۇ سەلەي چاقچان ئوغلىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ قويۇپ.





# كەچۈرسىلە

سەلەي چاققان بالىسىنى يېتىلەپ، تېۋىپنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ.

— بالام ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. قۇلىقىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈپ باقسىلا.

دادىسىنىڭ «ئوپېراتسىيە» دېگىنىنى ئاڭلىغان بالا پاڭڭىدە يىغلىۋېتىپتۇ.

— ئاڭلىمايدۇ دەۋاتاتتىلا، گەپلىرىنى ئاڭلاپ يىغلىۋەتتىغۇ، — دەپتۇ تېۋىپ ئەجەبلىنىپ.

— مەنمۇ ھەيرانمەن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەكتەپكە ئاتا - ئانىلار مەجلىسىگە بارسام، مۇئەللىملەر: «بالىلىرى گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى» دېيىشتى. راست شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ، ئېلىپ كېلىشىم ئىدى، كەچۈرسىلە...





# بىر ئاي ۋە يېرىم كۈن

سەلەي چاققان ئوپال بازىرىدا سودا ـ سېتىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، مەھەللىدىكى بىر جازانىخور باي ئۇنىڭدىن بىر جۈپ ئاياغ سېتىۋاپتۇ. بىرەر ئايدىن كېيىن باي كېلىپ ئاغرىنغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

— ۋاي سەلەي ئاخۇن، دۇكانلىرىدىن سېتىۋالغان بىر جۈپ ئاياغنىڭ بىرەر ئاي بولمايلا چەمى ئاجراپ كەتتى.

— باي ئاكا، سىلى ماڭا قارىغاندا كۆپ تەلەيلىك ئىكەنلا، سىلىغۇ بىر ئاي كىيىپلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سىلى تۆلىگەن شۇ پۇلغا سوپۇن سېتىۋېلىپ، مەھەللىدىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا يېرىم كۈن ئىچىدىلا تارقىتىپ تۈگەتتىم.





www.uyghurkitap.com

# بىر تال سامان

سەلەي چاققان مەھەللىسىكى بىر بايغا يىللىقچى بولۇپتۇ. يىل ئاخىرلاشقۇچە ئۇنىڭ ئىشىدىن بىرەر قۇسۇر چىقىرىپ، ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قېلىشنىڭ ئېپىنى قولغا كەلتۈرەلمەي يۈرگەن باي بىركۈنى سەلەي چاققانغا:

— مەن بىر تاغار ساماننى يەرگە تۆكىمەن، سەن بىر تالنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالغىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

سەلەي چاققان تاكى سامان تۆكۈلۈپ بولغۇچە بەخىرامان قاراپ تۇرۇپتۇ - دە، ئاخىردا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان بىر تال ساماننى تۇتۇۋېلىپ:

— باي ئاكا، مانا بىر تال ساماننى تۇتۇۋالدىم، — دەپتۇ.





# مانا، مانا، بۇ چوقۇم بۇگۇنكىسى

سەلەي چاققان ئاشپەزلىك قىلىۋاتقان كۈنلەردە يامۇلدىكى گۇندىپاي كىرىپ كەپتۇ.

— بېگىم، ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى نېمە تارتىدىكىن؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان.

— ئاغزىمغا تېتىغۇدەك يېڭى بىرنېمە يېگۇم بار، — دەپتۇ گۇندىپاي.

— بايىلا سويۇلغان قوينىڭ جىگىرى بولسا بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

— بولمايدۇ، مەن ھايۋانلارنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ھەرگىز يېمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا نېمە يەيدىلا؟

— توخۇ تۇخۇمىدىن بەش ـ ئالتىنى پىشۇرۇپ بەر. لېكىن، ئۇ چوقۇم بۇگۇنكىسى بولسۇن، — دەپتۇ گۇندىپاي.

— مانا، مانا، بۇ چوقۇم بۇگۇنكىسى، — دەپتۇ سەلەي چاققان تۇرغىنىغا ئىككى ھەپتە بولغان كونا تۇخۇمنى ئەكېلىپ، — قېنى باقسىلا.





# ئۆزلىرىڭىزمۇ باب كېلىدۇ

سەلەي چاققان پاششاپ بىلەن بىللە بازارغا بارغاندا، خوتۇنىغا ئاتاپ تىكتۈرگەن بىر بوغچا كىيىم ـ كېچەكنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. ئەسلىدە بوغچىنى پاششاپ تىقىۋالغانىكەن.

ــ خوتۇن، مەن سىلىگە بازاردىن يېڭى كىيىم ئەكەلدىم، كىيىپ بېقىڭلا! ــ دەپتۇ پاششاپ ھېلىقى بوغچىنى كۆرسىتىپ.

پاششاپنىڭ قولىدا پۇل يوقلۇقىنى بىلىدىغان خوتۇنى:

ــ ھوي دادىسى، ئۆزلىرى ھەمىشە «راست گەپ قىلىڭلار» دەپ تاپىلايتتىلە. كىيىم ئالغان بۇ پۇلنى نەدىن تاپتىلا؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ «ئوغۇل بالىنىڭ قىرىق بىر يانچۇقى بار» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ دائىم راست گەپ قىلىپ ئىش پۈتمەيدۇ ـ دە، ــ دەپتۇ باششاپ. پاششاپنىڭ خوتۇنى:

ــ كۆڭلۈم تۇيۇۋاتىدۇ، بوغچىنىڭ ئىگىسى ئىزدەپ كېلىپ قالمىغىيدى، ــ دەپتۇ. راست دېگەندەك، سەلەي چاققان يىتكەن بوغچىنى ئىزدەپ پاششاپنىڭ ئۆيىگە كەلسە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئالدىراش بوغچىنى يېشىۋاتقۇدەك.

ــ پاششاپ بېگىم، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ــ كۆزلىرى ھەقىقەتەن ئۆتكۈر ئىكەن، بۇ كىيىم ـ كېچەكلەرنى سىلەرگە ئاتاپ تىكتۈرۈپ قويغانىدىم. مېنى ئاۋارە قىلماي ئۆزلىرىلا ئەكەپلا، كىيسىلە ئۆزلىرىگىمۇ باب كېلىدۇ.



## ئۇركۇپ كەتمىسۇن دەپ...

سەلەي چاققان بىركۈنى سەھەردە ئېشەك هارۋىسىغا ئوتۇن بېسىپ شەھەرگە ساتقىلى كىرىپتۇ. ئوتۇن بازىرىدىكى قىستاڭچىلىق دەستىدىن ئۇياق - بۇياققا ئادەملەر ئۆتەلمەپتۇ. ئوتۇن ئالغىلى كەلگەن سېمىز بىر غوجايىن سەلەي چاققانغا:

— ئېشەكلىرىنى سەل ئالدىغا هەيدىمەملا؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. سەلەي چاققان ئالدىغا قارىسا، هارۋا قىستالغۇدەك ئورۇن يوق. نائىلاج نوختىنى سىلكىپ قويۇپتۇ.

— هەي تومپاي، «خىت» دەپ چىڭراق ۋارقىرىسىلا ئاندىن ماڭىدۇ، ئېشەك دېگەن، — دەپتۇ غوجايىن.

— «خىت» دەپ ۋارقىرىسامۇ ۋارقىرايتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان غوجايىنغا قاراپ، — شەھەرنىڭ ئېشەكلىرىنى ئۈركۈپ كەتمىسۇن دېدىم.





# ياقا يۇرتلۇقلار ئاز

سەلەي چاققان خوتەندە ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كىچىك ئاشخانىغا كىرىپتۇ ـ دە، ئۈچ دانە تۇخۇم بىلەن بىر قاچا شورپا بۇيرۇپتۇ. ھېسابات قىلغاندا، غوجايىن ھەر تۇخۇمغا ئىككى داچەندىن پۇل ئاپتۇ. سەلەي چاققان ئاشخانا غوجايىنىدىن:

— غوجايىن، سىلەرنىڭ بۇ يەردە توخۇ بەك ئازمۇ، قانداق؟ تۇخۇم بەك قىممەت ئىكەن، — دەپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ غوجايىن، — خوتەندە توخۇ ئاز ئەمەس، بىراق ياقا يۇرتتىن كەلگەنلەر ئاز.




گۇلباغ ئاشخانس

# قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆددە قىلىمەن

بىر يىلى سەلەي چاققان كىچىكرەك بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنى ئېچىپتۇ. يىراق - يېقىندىكىلەر بۇ يەرگە كېلىپ مال سېتىۋالىدىكەن.

— قارىغاندا، بۇ ئوق ئۆتمەس كىيىم ئوخشايدۇ. زادى ئىشەنچلىكمۇ قانداق؟ — سوراپتۇ بىر خېرىدار.

— ئىشەنچلىك، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بىز بۇ كىيىمدىن خېلى ساتتۇق، لېكىن، بىرەرسى كېلىپ قايتۇرۇپ باقمىدى.

— سەلەيكا، ئەگەر مەن بۇنى كىيىپ، ئوق تېشىۋېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم قانداق قىلىلا؟ — يەنە سوراپتۇ خېرىدار.

— قورقمىسىلا ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، ئەكەلسىلە چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىشكە ھۆددە قىلىمەن.





# ئىككى كىسەلنى قاچۇرۇۋەتتى

بىر يىلى ئوپالدىكى بىر دورغىنىڭ بالىسىنىڭ چىشى ئاغرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بالىسىنى يېتىلەپ، سەلەي چاققان ئاچقان شىپاخانىغا بېرىپ چىشىنى تارتقۇزۇپتۇ. ئاندىن سەلەي چاققانغا تەڭگە تەڭلەپتۇ. سەلەي چاققان پۇلنى كۆرۈپ:

— غوجام، ئۆزلىرى خېلى پۇلدار، 15 تەڭگە بەرسىلە، — دەپتۇ.

— ۋاي سەلەي ئاخۇن، ئالدىنقى ھەپتە تېخى چىش تارتقانغا بەش تەڭگە ئالىمەن، دەۋاتقان ئىدىلىغۇ؟ — دەپتۇ.

— شۇنداق دېگەنلىكىم راست، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — لېكىن، بۈگۈن بالىلىرى چىشىنى تارتقۇزغۇچە ۋارقىراپ - يىغلاپ ئىككى بىمارنى قاچۇرۇۋەتتى.

— ئوھوي، ما گەپنى! مېنىمۇ يىقتىدىغان ئادەم بار ئىكەن - ھە؟ — دەپتۇ دورغا نائىلاج.





## قايسىسى كەپتۇ؟

يۇرت بەگلىرى سەلەي چاققانغا تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنى تۈرمىگە سولىتىپ قويۇپتۇ. بىركۈنى گۇندىپاي ئۇنىڭغا:

— ھوي، سەلەي ئاخۇن، خوتۇنۇڭ سېنى يوقلاپ كەپتۇ، ئەكەلگەن نەرسە - كېرەكلىرىنى ئېلىۋال، — دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ.

— قايسىسى كەپتۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سەلەي چاققان.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچچىقى كەلگەن گۇندىپاي:

— نېمە؟ قايسىسى كەپتۇ، دەپ سورايسەنغۇ؟ سەن سولتەكنىڭ نەچچە خوتۇنىڭ بار ئىدى؟ — دەپ توۋلاپتۇ.

سەلەي چاققان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:

— مېنىڭ يۇرت - يۇرتتا تونۇشۇم كۆپ، ئاياللارمۇ ھەم، مەن كۆپ نىكاھلىق بولۇش ئەيىبىم بىلەن تۈرمىگە كىرىپ قالغانتىم، — دەپتۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ۋاي، بۇ گۇي نېمە دەيدىغاندۇ، — دەپتۇ گۇندىپاي گاڭگىراپ.



# ئەنگە ئالاتتىم

يۇرت بېگى چاكارلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ تېرە-خۇرۇملار دۇكىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مال سېتىۋاتقان سەلەي چاققاندىن زەن سېلىپ سوراپتۇ:

— مەن سىلىنى بۇرۇن بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟

— ئېسىمدە يوق.

بەگ يەنە سوراپتۇ:

— مەن چوقۇم سىلىنى كۆرگەن، ئېھتىمال بۇرۇنقى ئىش ئورۇنلىرىدا بولسا كېرەك، سىلى بۇرۇن نەدە ئىشلەيتتىلە؟

— مەن بۇرۇن ئوردىدا پۇتۇكچى بولغان، ئوردا مەھكىمىسىنىڭ تېرە-خۇرۇملىرىنى ئوغرىلاپ تۇتۇلغانلارنى ئەنگە ئالاتتىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئېھتىمال، شۇ يەردە كۆرگەنلا تەقسىر.

يۇرت بېگىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.





# سىلى ئۇ چاغدا ھاسا تاياق بىلەن ماڭاتتىلا

سەلەي چاققان دائىم بايلارنى ئەخمەق قىلىدىكەن. بىركۈنى ئۇ گۈزەدە بىر باي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا: «يېقىندىن بۇيان كۈنلىرىم سېرىقتال بولۇپ قالدى. ئازراق پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرسىلا» دەپتۇ.

— مەن سىلىنىڭ ماڭا قول ئۇزاتقانلىقلىرىنى كۆرسەملا، كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ قالىدۇ، — دەپ مەسخىرە قىپتۇ باي.

— باي جانابلىرى، ئۇنداق دېمىسىلە، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئەگەر ئون يىل بۇرۇن مەن سىلىگە قول ئۇزاتقان بولسام، ئۇ چاغدا كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلسىلا بولۇۋېرەتتى.

— ئۇنداقتا، ئون يىل بۇرۇن بولغان بولسا، سىلى مەندىن تېخىمۇ كۆپ سورايدىكەنلىدە!؟ — دەپتۇ باي.

— خاتالاشتىلا باي غوجام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن ئەسلىدە نوچى چېلىشچى ئىدىم، سىلى ئۇ چاغدا ھاسا تاياق بىلەن ماڭاتتىلا.





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 /乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11
ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜
吾尔亚提·尼亚孜
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧(18)(维吾尔文)
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 6 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00 元 (全十册)

网络出版　读读网(www.dudu-book365.com)
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店(http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6
9 787546 978086

10.00元

总定价：100.00元（全10册）

ئوقۇ سەرخىل كىتابلىرى
dudu
www.dudu-book365.com